السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ئەمىرگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ، جامائەتتىن ئايرىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشى جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:
«ئەمىرگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ، جامائەتتىن ئايرىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشى جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ، نىشانى ئېنىق بولمىغان بايراق ئاستىدا، تەرەپبازلىق ئۈچۈن قوزغىلىپ، تەرەپدارلىرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشى، جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ. مېنىڭ ئۇممىتىمگە قارشى قورال كۆتۈرۈپ چىقىپ، ياخشى-يامان ھەممىنى ئۆلتۈرگەن، ئۇممەتنىڭ مۇئمىنلىرىنى ھېچ ئەيمەنمەستىن ئۆلتۈرگەن، ئاربدا كېلىشىم بولغان كىشىلەرنى ئەھدىگە ۋاپا قىلماي كېلىشىمنى بۇزۇپ ئۆلتۈرگەن كىشى مېنىڭ ئۇممىتىمدىن ئەمەس. مەنمۇ ئۇكىشىگە شاپائەت قىلغۇچى ئەمەسمەن.»
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولغۇچى ئەمىرلەرگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ، ئىمامغا بەيئەت قىلىشقا بىرلىككە كەلگەن مۇسۇلمان جامائىتىدىن ئايرىلىپ، ئىمامغا ئىتائەت قىلماستىن شۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن كىشى، جاھىلىيەتتە بىرەر ئەمىرگە ئىتائەت قىلمىغان، مۇسۇلمانلار جامائىتىگە قېتىلماستىن بەلكى تۈرلۈك پىرقە، جامائەت بولۇپ، بىر-بىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ ئۆلگەن كىشى جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ. - بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: باتىلدىن ھەقنىڭ كۆرۈنىشى ئېنىق بولمىغان، ئۇقۇمسىز بايراقتا ئەگىشىپ دىن ئۈچۈن ياكى ھەقىقەت ئۈچۈن ئۇرۇش قىلماستىن ئۆزىنىڭ مىللىتى، يۇرتى، قەبىلىسى ئۈچۈنلا ئۇرۇش قىلىپ، شۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن كىشى جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەنگە ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. (يەنى ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن پىداكارلىق قىلىشنى دىنى ئەقىدىگە باغلاپ چۈشۈنۈشنىڭ مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ تەقەززاسى ئىكەنلىكىنى چۈشۈنۈۋالالايمىز). پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتىگە قارشى قورال كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇممەتنىڭ ياخشىلىرى ۋە پاسىقلىرى دەپ ئايرىماستىن ھېچ پەرۋا قىلماستىن مۇئمىننى ئۆلتۈرۈشنىڭ ئازابىنىڭ دەھشەتلىكىدىن قورۇقماستىن، كاپىرلاردىن كېلىشىم تۈزگەنلەرنى ۋەدىگە ۋاپا قىلماستىن ياكى ئەمىرلەرگە بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرماستىن ئەھدىنى بۇزۇپ ھەممىنى ئۆلتۈرگەن كىشى (ئۇنىڭ قىلمىشى چوڭ گۇناھدۇر) قاتتىق ئازابقا لايىق بولىدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/58218

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee